# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 3 ـ ئاي
1
يەكشەنبە
维吾尔文 3 月1日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65–0002/–W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24987 ـ سان بۈگۈن 2 بەت


## تاسادىپىي ئېغىر، زور ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىمىز ۋە سەۋىيەمىزنى ئۆستۈرەيلى

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىغا نىسبەتەن بىر قېتىملىق زور سىناق بولدى. بۇ زور سىناقتا غەلىبە قىلىش ئىزدىن ھەم مەۋقەنى ھازىرغا قويۇپ، ئىلمىي، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى، شۇنداقلا كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ، تۈزۈلمە مېخانىزمى جەھەتتىن ئېغىر، زور يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىدە يېڭىلىق يارىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تاسادىپىي ئېغىر، زور ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىمىز ۋە سەۋىيەمىزنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاش، ئالغا سىلجىتىشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە مۇنداق تەكىتلىدى: تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، قانداق قىلىپ ئاممىۋى سەھىيە قانۇنچىلىق كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

«ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىنىدۇ

# قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، دۆلەت ئاممىۋى سەھىيە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ـ باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدىغان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 5 ـ سانىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، دۆلەت ئاممىۋى سەھىيە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ـ باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك» دېگەن مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىنىدۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش پارتىيەمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور ۋەزىپىسى. باشتىن ـ ئاخىر خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، قانۇن چىقىرىش، قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن يۈرگۈزۈش، قانۇنغا رىئايە قىلىشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدىن كۈچەپ، قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنى ھەقىقىي ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ھەم مەۋقەنى ھازىرغا قويۇپ، ئىلمىي، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىپ، شۇنداقلا يىراق كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، بۇ قېتىمقى يۇقۇمدا ئاشكارىلانغان كەمتۈكلۈك ۋە يېتەرسىزلىكلەرگە قارىتا، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش، يوچۇقلارنى ئېتىش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئېغىر، زور يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تۈزۈلمە مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ئاممىۋى سەھىيە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ـ باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھازىر، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ، قانۇن بويىچە ئىلمىي، تەرتىپلىك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئىنتايىن مۇھىم. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئەڭ كۈچەيدىغان ۋاقىتقا كەلگەنسىرى، قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە تېخىمۇ چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمەتلىرىنى قانۇنچىلىق يولىدا بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئادا قىلىپ، قانۇنچىلىق تەپەككۇرى ۋە قانۇنچىلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئېغىر، زور تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاممىۋى سەھىيە قانۇنچىلىق كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. ئاممىۋى سەھىيە ساھەسىدىكى مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ نىزام قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش قانۇنى، ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئەستايىدىل باھالاش كېرەك. جەزمەن خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداش، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى قوغداش يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ، بىيولوگىيە بىخەتەرلىكىنى دۆلەت خەۋپسىزلىك سىستېمىسىغا كىرگۈزۈپ، دۆلەت بىيولوگىيە بىخەتەرلىكى خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىدارە قىلىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى سىستېمىلىق پىلانلاپ، دۆلەتنىڭ بىيولوگىيە بىخەتەرلىكىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك. بىيولوگىيە بىخەتەرلىكى قانۇنىنى چىقىرىشقا

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى

## قەشقەردىكى «كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش» تۈردە ئىش باشلاندى
## 160 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلىلىك ئاھالىگە نەپ يەتكۈزىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېي**نىڭ دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى «كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش» قۇرۇلۇشىنىڭ پوسكام ناھىيەسى، قاغىلىق ناھىيەسى بۆلىكى تۈردە ئىش باشلانغان بولۇپ، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 637 كەنتتىكى 163 مىڭ 500 ئائىلىلىك ئاھالىگە نەپ يەتكۈزىدىكەن.

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى «كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش» قۇرۇلۇشى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى «كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش» ياندىن ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئائىلە سانى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ 2020 ـ يىللىق «كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش» قۇرۇلۇشىنىڭ تەخمىنەن 57%نىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ يىل قەشقەر ۋىلايىتىدە «كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش» قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ياندىن ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىدىن جەمئىي 2566سى يولغا قويۇلۇپ، جەمئىي 1 مىليارد 381 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 3623 كىلومېتىر يۇقىرى، تۆۋەن بېسىملىق توك لىنىيەسى يېڭىدىن ياسىلىدۇ ۋە ئۆزگەرتىپ ياسىلىدۇ، 2045 توك تەقسىملەش ترانسفورموتورى ئالماشتۇرۇلىدۇ.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 60 مىڭدىن ئارتۇق يېزا ئەمگەك كۈچى شەھەرگە قايتىپ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لى چۇنشيا، چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايون بىر قاتار تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش چوڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇردى. 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن 60 مىڭدىن ئارتۇق كىشى شەھەرگە قايتىپ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ئىچىدىكىلەر 58 مىڭ 500 كىشى.

يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى. ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ مەسئۇلىنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسلانغاندا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇشقا مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىشچى ئىشلىتىش ئېھتىياجىنى ئىگىلەپ، چىقىرىش تەشكىللىك بولۇش، سالامەتلىكنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەيدىغانلار بولۇش، يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئۆتكۈزۈش ـ ئۆتكۈزۈۋېلىش بولۇش، توشۇشتا مۇداپىئە بولۇش، پۈتۈن مۇساپىدە سۈرۈشتۈرۈش بولۇش تەلىپى بويىچە، «نۇقتىدىن نۇقتىغا» ئاپتوموبىل ھۆددىگە ئېلىش، «بىر بېكەت شەكلى»دە بىۋاسىتە مۇلازىمەت قىلىش ئارقىلىق، يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى بىخەتەر، تەرتىپلىك ھالدا ئىش ئورنىغا قايتىپ، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تەشكىللىگەن.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمىنىڭ خىزمەت يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونغا قايتما ئىنكاس پىكرى بەردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمىنىڭ خىزمەت يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونغا قايتما ئىنكاس پىكرى بەردى. يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ۋاڭ شۆتاۋ يىغىنغا قاتناشتى ھەم يېتەكچىلىك پىكرىنى قايتما ئىنكاس قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم ئىپادە بىلدۈرۈپ سۆز قىلدى.

ۋاڭ شۆتاۋ شىنجاڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى يولغا قويدى، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىر گەۋدە بولۇپ، كارخانا بىلەن يەرلىك بىر گەۋدە بولۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق بازارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى

## نۇقتىدا تۇرۇپ ياردەم بېرىپ، يۆلەپ كارخانىلارنىڭ قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەملەشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **رېن خۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق بازارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى «نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، مۇلازىمەتنى ئەلالاشتۇرۇش، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە دەل جايىدا ياردەم بېرىش» مەخسۇس پائالىيىتىنى باشلاپ، بىر تۈركۈم ۋەكىل خاراكتېرلىك كارخانىلارغا نۇقتىدا تۇرۇپ ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مۇلازىمەت ئەترىتى ئەۋەتىپ، كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت جەريانىدا يولۇققان ئەمەلىي قىيىنچىلىقى ۋە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەملەشتى. ھازىر 17 كىشىلىك مۇلازىمەت ئەترىتى ئەۋەتىلدى، ئۇلار بۆلۈنۈپ 14 كارخانىغا ئورۇنلاشتى.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، ئاپتونوم رايونلۇق بازارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى بازارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش فۇنكسىيەسىنى مەۋقە قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە خىزمەتنى ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلىسىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلايلى

نوپۇزلۇق ئېلان قىلىش

ئاپتونوم رايونىمىز «كۆرسەتمە(سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)»نى ئېلان قىلدى

## ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن كارخانىلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمەت تەلىپىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ

**ئۆز خەۋىرىمىز** ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىلارنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك خىزمەت تەلەپلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش، ئەڭ قاتتىق بولغان ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمىنىڭ «كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىر كۆرسەتمىسى» ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىز «ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن كارخانىلارنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىر كۆرسەتمىسى(سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)»نى ئېلان قىلدى.

«كۆرسەتمە(سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)»دە مۇنداق تەلەپ قىلىندى: كارخانىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى بىرىنچى مەسئۇل كىشى بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەشكىلىي ئاپپاراتى قۇرۇپ، ئىچكى قىسمىدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسى ئورنىتىپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمەت لايىھەسى تۈزۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش جىددىي تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى ۋە بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشى كېرەك.

كارخانىلار ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەسئۇلىيىتىنى بۆلۈم، بەن ـ گۇرۇپپا، ئىش ئورنى ۋە شەخسكىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ماددىي ئەشيالارنى زاپاس ساقلاش، تۇرمۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئامانلىقنى ساقلاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. مەخسۇس ئادەم سەپلەپ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش ـ دېزىنفېكسىيەلەش، ئۆزى مۇداپىئەلىنىش بۇيۇملىرىنى تارقىتىش، تەشۋىقات ـ تەربىيە قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل قىلىشى، مەخسۇس ئادەم بېكىتىپ شۇ ئورۇننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئەھۋالىنى توپلاش ۋە يوللاش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىشى كېرەك.

يۇقۇم خەۋپىنى باھالاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا، ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇم خەۋپىنى دەرىجىگە ئايرىشقا ئاساسەن، ئىشنىڭ جىددىي ياكى جىددىي ئەمەسلىكىنى پەرقلەندۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تۈركۈمگە بۆلۈپ تەرتىپلىك تەشكىللەپ، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن كارخانىلارنى يېپىق ھالەتتە باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ساغلاملىقنى بىرتۇتاش تولۇق تەكشۈرۈپ، ئىش ئورنىنى بىرتۇتاش باشقۇرۇپ، غىزالىنىشقا بىرتۇتاش تەشكىللەپ، ئىشقا باردىغان، ئىشتىن چۈشكەنلەرنى بىرتۇتاش ئاپىرىپ ـ ئەكېلىپ (تۇرمۇش رايونى بىلەن خىزمەت رايوننىڭ ئارىلىقى بىرقەدەر يىراق كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا)، ياتاقتا يېتىشقا بىرتۇتاش ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن كارخانا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى بىلەن يۇقۇملانماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.




2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇملۇق كېسەللەر دوختۇرخانىسىدىكى بىر يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقى سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ دوختۇرخانىدىن چىققاندا تېببىي خادىملار بىلەن خوشلاشتى. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خەن لياڭ فوتوسى

## شىنجاڭ(بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا يەنە ئون يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققانلار جەمئىي 62گە يەتتى

**ئۆز خەۋىرىمىز** 2 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، شىنجاڭ(بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان يەنە ئون ئاغرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىرسى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى، ئالتىسى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى، ئۈچى بىڭتۇەن 4 ـ شىسىدىكى ئاغرىق مىسالى.

بۇ ئون ئاغرىق دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدىكى تېببىي خادىملارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنى ئايرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە دوختۇرخانىدىن چىقىش ئەڭ يېڭى ئۆلچىمىگە يەتتى دەپ قارالدى.

ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭ(بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىسالى 62گە يەتتى، ھازىر دوختۇرخاندا يېتىپ ئايرىپ داۋالىنىۋاتقانلاردىن 11ى بار.